# شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزىنىڭ باياناتى

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىيەتنى يوقۇتۇش دولقۇنى قوزغۇدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا بارىن ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن باشلاپ، ئىسلامىيەتكە قارشى سىياسى ھەركەت باشلىغان ئىدى. بۇ سىياسىي ھەركەت 1996 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا « **قاتتىق زەربە بېرىش** » ھەركىتى دېگەن نام بىلەن ئەڭ ئەشەددى پەللىگە يېتىپ، تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭغا ئۇلاپلا 1996 - يىلى ماي ئېيىنىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » ئى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئەشەددى باستۇردىغانلىقىنى جاكالىغان. بۇنى بىز شۇ يىغىن دوكلاتىنىڭ 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى « شىنجاڭ گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان قىسمىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز: « .... ئىككىنچى، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى چىڭ تۇتۇپ تەرتىپكە سېلىش كېرەك. دىنىي ھەركەتلەرنىڭ ئادەتتىكى مەكتەپلەرنى چىرىتىشىگە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى سىڭدۈرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، دىنىي ئەقىدىلەرنى بازارغا سالىدىغان مەزمۇنلارنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ئۈچىنچى، مەدەنىيەت بازارلىرى، نەشرىيات ۋە مەتبەئە تارماقلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تارىخنى بۇرمىلايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ئىدىيەلەرنى تەرغىپ قىلىدىغان كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى بىردەك تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلىش ھەم ئالاقىدار كىشىلەرنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ، ئۇلاردىن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك....

.... مەركەزنىڭ بۇقېتىم قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەر بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ قاتارىغا كىرگۈزۈشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەرنىڭ خەۋپلىك خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك يىغىنچاقلىنىشى. بۇ ئىنتايىن قاراتمىلىققا ئىگە ۋە ئىنتايىن مۇھىم. كۆرەش تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلار تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلمايدىكەن، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تەلتۆكۈس تازىلاش مۇمكىن ئەمەس، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك — مىللەتنى پارچىلايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇس، ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائى ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە ئەكسىيەتچىل ھەركەت. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئاغدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تىنچلىقى ۋە بەخت - سائادىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆز مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق سىنىپىي كۆرەش. بۇنىڭدا مۇراسىيەگە يول قويۇشقا زادى بولمايدۇ.... »

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان يۇقىرىقى دىنىي ۋە مىللىي يوقۇتۇش سىياسىتىگە ئاساسەن « **قاتتىق زەربە بېرىش ھەركىتى** » نىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شەرقىي تۈركىستان

مىقياسىدا يۈزمىڭدىن ئارتۇق دىنىي زاتلار، دىنىي ئوقۇغۇچىلار ۋە بىر تۈركۈم مىللىي زىيالىيلارنى « بۆلگۈنچى » دېگەن قالپاق ئاستىدا قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئېنىق دەلىلى ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپلىكىدىن بۇرۇن بار بولغان تۈرمىلەر يەتمەي، يېڭىدىن ھەر ناھىيەگە تۈرمىلار سېلىنماقتا.

بۆلۈپمۇ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ياش دىنىي ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇشنى ئېتايىن ئەشەددىيلەشتۈردى. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ گۇناھى كوممۇنىست خىتايدا دىنىي مەكتەپلەر مەنئى قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن مەھەللىۋى دىنىي زاتلاردا تەلىم ئالغانلىقىدىنلا ئىبارەت. ھازىر بولسا خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىنىڭ ئۆچىنى چوڭلارغا قارىتىپ، نورمال دىنىي پائالىيەت قىلىدىغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مەسجىدلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

مۇشۇ ئاينىڭ 3 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارقاش ناھىيىسىدە 72 مەسجىدنى، خوتەن ناھىيىسىدە 50 مەسجىدنى تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن چېقىپ تاشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 500 دىن ئارتۇق مەسجىدنى چېقىشنى پىلانلىغان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيىسىدە مەسجىت چېقىش جەريانىدا ھۆكۈمەت ئادەملىرى بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدا چىققان ماجرادا بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئالدۇق.

بۇنىڭدىن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان مىللىي كادىرلارنىڭ ناماز ئوقۇش ۋە نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى چەكلىگەن بولسا، ھازىر خىتايدىكى پۈتۈن مىللىي كادىرلارنىڭ مەسجىدلەرگە كىرىپ ناماز ئوقۇشنى پۈتۈنلەي چەكلىدى.

1997 - يىلى ئاپرېلدا ئاپتونوم رايوندىن 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر كادىرلارنى يېزا - قىشلاقلارغا مەجبۇرى ئېۋەتىپ، خەلقنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھېسياتىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئىنتايىن ئېغىر شەرتلەر بىلەن يۈكلىدى.

نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى « قاتتىق زەربە بېرىش ھەركىتى » نى ياش دىنىي ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىپلا قالماي، بۇ ھەركەتنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىدىمۇ ئېلىپ بارماقتا. مۇشۇ يىل 7 - ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى تارىم يېزائىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 30 دىن ئارتۇق ( بۇنىڭ ئىچىدە سەككىزى قىز ) ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى « مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تارقاتقانلىق ۋە ناماز ئوقۇغانلىق گۇناھى » بىلەن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشتەك بۇ خىل ياۋۇز سىياسىتىگە قارىتا پۈتۈن ئىسلام ئالىمى ۋە ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى بارلىق دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشنى چاقىرىق قىلىمىز !

1997 - يىلى 8 - ئاۋغۇست

**شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**
**Internet: http://www.uygur.com**
**E-mail: etic@uygur.com**

**Tel: 0049/89/ 54404772 Fax : 0049/89/904 61 55.**